




# تەكلىماكان

ئايلىق ژۇرنىلى 8- سان

(2022-11)

# بىزنىڭ شوئارىمىز ...

نۇرغۇن يىل ما بەيىنى توختىماي كارۋان،
سىنىڭدە بەك شانلىق ئىزلار قالدۇرغان.
ھەتتاكى قان بىلەن يېزىلسۇ تارىخ،
ئاتالدىڭ دۇنيادا بىر «تەكلىماكان».

نى سىرلار كۆمۈلگەن سۆيۈملۈك ماكان،
قوينىڭدا يېتىلگەن تالاي قىز-ئوغلان.
يىراقلاپ قالسىمۇ سەندىن بىر زامان،
تەكبىرلەر ياڭرىتىپ قايتىدۇ ھامان.

تەكلىماكان تەشۋىقات گۇرۇپپىمىز فېسبوك، يوۋتۇب، تىۋىتېر، ئېنستگرام، ۋاتساپ ۋە تېلگېرام قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھەرۋاقىت يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى خالىسىڭىز قانىللىرىمىزغا ئەزا بولۇشىڭىزنى ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

1 ۋەتەن جۇغراپىيىسى
كورلا

7 تەھلىل
خىتاي - ياۋروپا

11 خەرىتە
روسىيە - ئۇكرائىنا

13 سىياسىي ماقالە
ئىران - روسىيە - بېلورۇسىيە

17 ئىلمىي ماقالە
ئۆگىنىش ئىقتىدارى

20 ئەسكىرىي يوللانمىلار
كۆيۈك داۋالاش

23 تەرجىمە ماقالە
خىتاي - روسىيە - ئىران

# ۋەتەن جۇغراپىيىسى

## كورلا






كورلىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 1،056،970، يۈز ئۆلچىمى 140،749 كۋادرات كىلومېتىر. شىمالىي كەڭلىك 36.11، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 43،102.

## جۇغراپىيە

كورلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقى جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقى تەرىپى گەنسۇ، چىڭخەي بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى كۇئىنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي تەرىپى خوتەن، ئاقسۇ بىلەن، شىمالىي تەرىپى تەڭرى تېغى ئارقىلىق غۇلجا بىلەن، سانجى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 474 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ رايون ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا 1 شەھەر، 8 ناھىيە (يەنى كورلا شەھىرى، بۈگۈر ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى) قارايدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە تاجاۋۇزچى خىتاي چۆكۈمتىنىڭ تارىم نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش قوماندانلىق شتابى، جەنۇبىي «شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىگە قاراشلىق 21 تۈەن ـ مەيدانى بار. كورلا شەھىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 464 كىلومېتىر. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 930 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇللار 4.73%نى، ئۇيغۇرلار 34.86% نى، خەنزۇلار 54.46% نى، باشقا مىللەتلەر 5.95% نى تەشكىل قىلىدۇ.

يەر تۈزۈلۈشى: شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تىيانشان تېغى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە كۇئىنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ يېرى 48.9% نى، تۈزلەڭلىك 51.1% نى، تەشكىل قىلىدۇ. كورلا تەۋەسىدە تارىم دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك دەريادىن 50 نەچچىسى، چوڭ ـ كىچىك كۆلدىن 69 سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى شەرقىي

تۈركىستاندىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى، باغراش كۆلى بولسا ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ. يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 10 مىليارد 120 مىليون كۇب مېتىر، تۇزلەڭلىك رايونلىرىنى تەمىنلەيدىغان يەر ئاستى سۈيى مىقدارى 2 مىليون 980 كۇب مېتىر. ياۋايى ھايۋان بايلىقىدىن ئاساسلىقى ياۋا قوتاز، زاغرۇا ياۋا ئېشىكى، زاغزۇ بۆجىنى، يىلپىز، ئارقار، ئاققۇ قاتارلىقلار بار. ياۋايى ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن ئاساسلىقى توغراق، يۇلغۇن، شامشاد، يىڭنە يوپۇرماقلىق قارىغاي، قارلەيلىسى، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، سىنك، ئالتۇن قاتارلىق 56 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى.

كورلىنىڭ ھاۋا كىلىماتىدا پەرق ناھايىتى چوڭ. چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى (بايىنبۇلاق) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقلىمى 2 ـ دەرىجىلىك سوغۇق بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ـ 4.5 سېلسىيە گرادۇس، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاندا 28.0سېلسىيە گرادۇسقا چىقىدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ـ 46.6 سېلسىيە گرادۇس قا چۈشىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 18 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 250 ـ 500 مىللىمېتىر. قاراشەھەر ئويمانلىقى ئىقلىمى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.2 سېلسىيە گرادۇستىن ـ 7.8 سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39.2 سېلسىيە گرادۇس. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى ـ 35.2 سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 170 ـ 190 كۈن بولىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 50 ـ 80 مىللىمېتىر بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىكلەرنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 210 ـ 240 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 25 ـ 50 مىللىمېتىر.

كورلا ـ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. 109 مىڭ 700 گېكتار (1 مىليون 645 مىڭ 500 مو) تېرىلغۇ يەر، 10 مىليون 666 مىڭ 300 گېكتار (160 مىليون مو) ئوتلاق بار. يەنە 2 مىليون 906 مىڭ گېكتار (43 مىليون 590 مىڭ مو) دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان قاقاس يەر بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، پاختا، قىزىلچا، ياغلىقدان، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار بار. چارۋىدا قوي بېلەن كالىنى ئاساس قىلىدۇ. سانائىتىدىن ئاساسلىقى نېفىت، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، يېمەكلىك كەسىپلىرى بار.

كورلىنىڭ ئاساس مۇئەسسەسەلىرى بىرقەدەر ياخشى. شەرقىي تۈركىستان جەنۇبىي تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كورلا شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان يولوچىلار، توشۇلىدىغان يۈكلەر توپلىنىدىغان، تارقىلىدىغان مەركەزگە ئايلاندى. تاشيوللار تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان. كورلا، چەرچەن ئايرودورمىدا ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان ھاۋا لىنىيىسى ئېچىلدى. ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى كورلىنىڭ تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلۈلدى ھەمدە سىمسىز چاقىرىش ۋە كۆچمە تېلېفون يولغا قويۇلۇپ، پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇش ۋە مىكرو دولقۇنلۇق، ئوپتىكىلىق يەتكۈزۈش ئاساس قىلىنغان كۆپ ۋاستىلىك زامانىۋى خەۋەرلىشىش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.



# چوڭ مەسچىت





## سایاهەتچىلىك

بۇ ئوبلاستنىڭ ئاساسلىق مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن كىرۇران خارابىسى، بالونتاي بۇتخانىسى، شىكشىن مىڭ ئۆيى، بۇغداچىن قەدىمكى شەھىرى، چاپغا جىلغىسى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، تۇرغۇت تور خارابىسى، باش ئەگىم قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلاردىن بايىنبۇلاق يايلىقى، <كىچىك بۇغدا كۆلى> ئاققۇ كۆلى، تىيانشان تاش ئويمانلىقى، خوتۇنسالا شارقىراتمىسى، كۇنەس دەرياسى جىلغىسى، باغراش كۆلى، تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي قوغداش رايونى ئالتۇن تاغ تەبىئىي قوغداش رايونى قاتارلىقلار بار.




كورلا نەشپۈتى


كۆنچى دەرياسى



# ياۋروپانى قورقۇتقان خىتاي جاسۇسلىرى

بىلىق ئۇۋچىلىقىدى دېيىلسە، ئەقلىگە تېزلا ئىسلاندىيەنىڭ ئېش كېلىشى نورمال ئەھۋال. ئاپتوموبىل دېيىلسە، گېرمانىيەنىڭ كېلىشى ھەم نورلام. كاللەك سەيدىسە بېلگىيە، ئالماس دېيىسلە جەنۇبىي ئافرىقا ، سائەت دېيىلسە شۋىتسارىيە قاتارلىقلار. باشقىچە ئېيتقاندا، بەزى ئىشلار بەزى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېقىندىن بۇيان ياۋروپادا «ختاي» دىسە نىمە ئېسىڭىزگە كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە جاسۇسلۇق...

ھەتتا بىز ختاي جاسۇسلىرىنىڭ ياۋروپانى قاپلىشىدىن ئېغىر قورقۇنچقا دۇچ كەلۋاتىمىز. ئىشەنسىڭىز. بۇ ناھايىتى ئېنىق بولۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى.

ختاينىڭ ياۋروپادىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، مەن سىزگە ھەققىي بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرمەكچى. بىز 1997- يىلى ... فرانسىيەنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىغا تەيىنلەنگەن فرانسىيە چەتئەل ئىستىخباراي خادىمى ھېنرى م. بۇ يەردە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر ختاي ئايال بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلانغان باش ئەلچى ھېنرىنىڭ فرانسىيەگە قايتىشىنى تەلەپ قىلدى. ھېنرى دەرھال فرانسىيەگە قايتىپ كەتتى. ئۇ فرانسىيەگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ، ختاي دوستىنىڭ يېنىغا باردى. ھەمدە فرانسىيە توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىچكى مەخپىيەتلىكلەرنى ۋە ئۇچۇرلارنى ختاي دوستىغا ھەمبەھىرلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

ئۇ نېمىنى بىلسە، دوستىغا بىر-بىرلەپ ئاڭلاتتى. دوستى بولسا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ختاي ئىتسىخباراتلىرى بىر-بىرلەپ ھەمبەھىرلىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ختاي فرانسىيەنىڭ چەتئەل ئىستىخبارات ئورگىنى توغرىسىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئۇچۇرغا بىر ئادەمنىڭ سايىسىدە ئاسانلا ئېرىشەلىدى.

گەرچە 2018- يىلى ھېنتى ئۇستىدىن ئېچىلغان تەكشۈرۈش قولغا ئېلىنىش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، فرانسىيە بەك كېچىككەن ئىدى. «فرانسىيەنىڭ قايسى ئالاھىدە مەخپىيەتلىكى ختاينىڭ قولىدا؟» ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغاچقا، ھەممە نەرسە ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ختاي «ھەسەل تۇزىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى كلاسسىك ئۇسۇل بىلەن ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتتىن بىرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قۇيدى. گەرچە بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ختاينىڭ ئۇسۇلى ۋە كۈچىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ مەسىلىنى داۋاملىق تەپسىلي بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. مېنىڭچە، ختاي ئىستىخبارات ئىدارىسى خەلقئارالىق پائالىيەتلەرگە كەلگەندە دۇنيادىكى ئەڭ ئېھتىياتچان، ئەڭ ئەسلىي، ھەتتا ئەڭ خەتەرلىك تەشكىلات دېسەك خاتالاشمايمىز. ختاينىڭ جاسۇسلۇق پائالىيتىنى خۇلاسىلىگەندە، نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئاخبارات ئانالىزچىلىرى «ئۇلار بىلەن ھېچكىم كۆرۈشۈشنى خالىمايدۇ » دىگەن نەتىجىسنى چىقارغان.

ئۇنداقتا ختاي ئىستىخباراتىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى زادى نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سابىق ياۋروپا ئۇستەل باشلىقلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئاشكارا پىكىرلىرىگە قاراپ چىقايلى...

ئۇ مۇنداق دېدى: ختاينىڭ يېڭى ھەركەتلىرىنىڭ ئۇلارنى روسىيەگە قارىغاندا خەتەرلىك ھالغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەمەلدارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ختاي جاسۇسلىرى بايقالغاندىن بۇيان، ياۋروپادا روسىيەدىن قورقۇش دېگەن نەرسە قالمىغان. چۈنكى ختاي مىللىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ئەڭ ياخشى بىرلەشتۈرگەن ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار بىر جاسۇسنى باشقا دۆلەتكە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساھە، تېما ياكى ۋاقىت چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. ئۇلارغا پەقەت ''خالىغان

جايدا، خالىغان ۋاقىتتا بىزگە ئىشقا يارىغۇدەك خەۋەر يوللا دەپ يۈلغا سېلىپ قۇيىدۇ.

ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا خالىغانچە پۇل، يۇشۇرنىش ئۇچۇن كىملىك ۋە ئۇلارنىڭ هايات هېكايىسى ئۇچۇن لازىملىق بارلىق پۇرسەتلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ختاي ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئالاهىدە تەربىيەلەنگەن جاسۇسلىرىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسى ئاساسلىقى ياۋروپا دۆلەتلىرى. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئېتقىنىدەك، ختاينىڭ ئاساسلىق رەقىبى ئامېرىكا بولماستىن بەلكى ياۋروپا دۆلەتلىرى. بۇنداق دىسەك ختاي ئامېرىكىنى بوش قۇيىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. بايدىننىڭ 2021- يىلى 7- ئايدىكى باياناتىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ختاي خاككېرلىرىنىڭ مىكروسوفتنىڭ بارلىق خەت ئالاقىسىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. مەن بۇ يەردىكى زىياننىڭ مىليارد دوللار ئىكەنلىكىنى ئېيتمىساممۇ بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدا كۆرگىنىمىزدەك، ختاينىڭ تور هۇجۇمى قورقۇنچلۇق سەۋىيىدە. 2021- يىلى مىكروسوفتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش هەرىكىتى دۇنيادىكى 30،000 تەشكىلاتنى قاپلىغان بولۇپ، ئامېرىكا، ياۋروپا بىرلەشمىسى ۋە ئەنگلىيەنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بېيجىڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئىشلەۋاتقان جىنايى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ، ختاي بۇنى ئاساسسىز ۋە مەسئۇلىيەتسىز دەپ تەسۋىرلەپ بۇ ئاساسلارنى رەت قىلدى.

ئەنگلىيە ئىچكى ئىستىخبارات مۇلازىمىتى MI5 نىڭ مەسئۇلى كېن ماككاللۇم ۋە FBI نىڭ دېرېكتورى كرىستوفىر ۋراي 2021- يىلى 7- ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتناشقان. بۇ يىغىندا، هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ختاي كومپارتىيىسىنىڭ مەخپىي پائالىيەتلەردىكى بۆسۈشلىرى ئۈزۈن مۇزاكىرە قىلىندى. هەمدە بۇ ئىككى تەرەپ «ختاينىڭ پائالىيەتلەر ئويۇن قائىدىسىنى ئۆزگەرتتى»دەپ باها بەردى.

ختاينىڭ جاسۇسلۇق تېخنىكىسىنىڭ روسىيەلىكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقى بولسا غەرب ئورگانلىرىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاشقا مەجبۇرلىدى. MI5 بۇ يىل ئادەتتىن تاشقىرى قەدەم تاشلاپ ، كۆپچىلىككە ئاگاهلاندۇرۇش بەردى. ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان ئادۋوكات كىرىشچىلىنىڭ ختايغا ۋاكالىتەن ئىشلەيدىغان جاسۇس ئىكەنلىكى ئاشكارلاندى.

بىز ختاي جاسۇسلىرىنىڭ خىزمەت تەرتىپى توغرىسىدا ئازراق تەپسىلىي بايان قىلايلى. ئالدى بىلەن ، كىمنىڭ ختايغا ئىشلەيدىغىنىنى بىلىش ناهايىتى تەس. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ، ئۇلار بۇ خىل خىزمەتلەرگە ختاي بولمىغان كىشىلەرنى ئىشلىتەلەيدۇ. هەمدە مەخپىيلەشتۈرۈلگەن ئالاقە قاتارلىق نۇرغۇن سەزگۈر ساهەدە تەربىيىلەنگەن كىشىلەر مۇئەييەن نىشان بىلەن يېتەكلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ، ختاي پەقەت كلاسسىك ئاخبارات قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش مۇداپىئە سانائىتى ياكى هەربىي مەخپىيەتلىكلەرگە ئەهمىيەت بەرمەيدۇ. ختاينىڭ پۇتكۇل جەمئىيەتنى قاپلىغان ئۇسۇلى بار. ئۇ هەر قانداق ئەهۋالدا قارشى دۆلەتلەر توغرىسىدىكى هەممە نەرسىنى دېگۈدەك بىلىشنى خالايدۇ.

روسىيە بىلەن ختاي غەرب دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىككى دۆلەت هېساپىنىدۇ، بىز بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئاخبارات ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكىدەك سېلىشتۇرالايمىز: روسىيە جاسۇسلىرى بەك كۆپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ ، ئەمما ختاي جاسۇسلىرى هەمىشە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەهۋالنى ساقلايدۇ. روسىيە جاسۇسلىرى مۇۋاپىق بولغاندا هېسسىيات جەهەتتە هەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. ختاي جاسۇسلىرى بولسا ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش ئىشلەيدۇ. روسىيە جاسۇسى بەزىدە تەكەببۇرلۇق بىلەن: «مېنى هېچ قاچان تۇتالمايسەن»دەيدۇ. ختايلار بولسا بۇ خىل پوزىتسىيىسىدىن هەمىشە ناهايىتى يىراق.

نۇرغۇن غەربنىڭ سابىق ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق دېدى: ختاينىڭ پارتىزانلىق تاكتىكىسى تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ

كۈچلۈك خەتەر.

بىز بىرلىكتە خىتاينىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە تىلغا ئالغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ باقايلى. ئامېرىكىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ سودا جاسۇسلۇقى ھەر يىلى ئامېرىكىدىن 600 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلايدىكەن. ياۋروپا بىرلەشمىسى بولسا IP ئوغرىلاش تەننەرخىنىڭ 50 مىليارد دوللار ۋە ھەر يىلى 671 مىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش زىيىنىنى مۆلچەرلەيدۇ.


ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى نىجېل ئىنكستېر مۇنداق دېدى: «خىتاي بىخەتەرلىك مۇلازىمەتلىرى ئۇنۇمگە ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ». خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش تەس بولغاچقا ، بۇ يەردە روسىيە بىلەن ناھايىتى زور پەرق بار.

ياۋروپا دۆلەتلىرى روسىيەنىڭ بۇ يىل ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىنى باشلىغاندىن بۇيان، 600 دىن ئارتۇق روسىيە دىپلوماتى ۋە جاسۇس دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىلەرنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. قانداقلا بولمىسۇن، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەتتى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، بىز خىتاي جاسۇسلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىك ۋە سىياسىي كۈچىنى روسىيە ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ جاسۇسلىرىغا قارىغاندا ياخشى ئىشلىتىدۇ دېيەلەيمىز.

بىز ئاستا-ئاستا مەزمۇنىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئەۋزەللىكىنى قوللىنىپ 2024-يىلغىچە، جىددىي ھالدا مەدەنىيەت، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بىلىملەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە بۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىنى ئىشلىتىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېيتالايمىز.


ياۋروپا ۋە ئامېرىكا خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟ دىگەنگە كەلسەك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىڭغا شاھىد بولىمىز.




خارکیێڤ
دومباس
قرم


كىيېۋ
كرائىنا
ېرسون
رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى رايون
2014- يىل روسىيە ئىشغال قىلغان رايون

سىياسىي ماقالە




“

## ئىران ۋە بېلورۇسىيەنىڭ «ئۇكرائىنا ئىشغالىدا» روسىيەنى قوللىشى قانچىلىك مۇھىم؟

ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن روسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بېلورۇسىيە ۋە ئىراندىن ئالغان ياردەمنىڭ موسكۋاغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

بېلورۇسىيە روسىيەنى قوللايدىغانلىقىنى يوشۇرمىسىمۇ، ئىران موسكۋاغا قورالسىز ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان (SİHA) بەردى دەپ ئەيىبلەشنى رەت قىلدى.

ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى دەسلەپكى تەشەببۇسنى قولدىن بېرىپ قويغان ۋە ئۆزىنىڭ بەزى تەرەپلەردە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى يوشۇرمىغان روسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن، ھازىرچە قارىماققا قارشى پوزىتسىيىدە بولغان ئىككى ئىتتىپاقداشقا تايىنىدىغاندەك قىلىدۇ.

### 1 ـ بېلورۇسىيە شىمالدا روسىيەگە نېمە تۆھپە قوشتى؟

ھازىر 9000 غا يېقىن روسىيە ئەسكىرى ۋە 170 ئەتراپىدا روسىيە تانكىسى ئىككى دۆلەت بىرلەشمە ھەربىي رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇكرائىناغا ئەسكەر ئەۋەتمىگەن بېلورۇسىيە روسىيە ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا رۇخسەت قىلدى، ھەتتا بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىشغالىيەتنىڭ باشلىنىشى بىلەن بېلورۇسىيە زېمىنىدا تۇرماقتا.

كىيېۋنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، روسىيە ئەسكەرلىرى ئېلىپ بارغان ھۇجۇملارنىڭ بىر قىسمى بېلوروسىيە زېمىنىدىن ئېلىپ بېرىلغان.




گەرچە كىيېۋ شىمالدا ئورتاق قۇرۇلغان روسىيە ۋە بېلوروسىيە بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر بېلوروسىيەنىڭ بۇ ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىش مۇمكىنچىلىكىنى يوق دەپ قارىمىسىمۇ، بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئېغىر يېتەرسىزلىكلىرى بار دەپ قارايدۇ.

ئىتالىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «Geopolitica» ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى گىيوۋاننى چياچيو، يېڭى قۇرۇلغان بىرلەشمە قىسمىنىڭ «يېتەرلىك مەشىق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولمىغان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقانلىقى» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياۋروپا سىياسەت ئانالىز مەركىزى (CEPA) نىڭ ئۇكرائىنا مۇتەخەسسىسى تادېئۇس گىكزان، بېلوروسىيە چېگراسىغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەرنىڭ سەپەرۋەرلىك ئارقىلىق كرېمىل سارىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىنى، ھەمدە بۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېتەرلىك تەربىيەلەنمىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

## 2 ـ ئىراننىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلىرى قانچىلىك ئۈنۈملۈك بولالايدۇ؟

روسىيەنىڭ يېقىنقى ھۇجۇملاردا ئىشلەتكەن ئىراندىن سېتىۋالغان ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش تىپىدىكى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنىڭ ئادەتتە ئۇكرائىنانىڭ ئېنېرگىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.

گەرچە روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بۇ SİHA لارنىڭ ئىراندىن كەلگەنلىكىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قاتناشقان بىر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا، مىكروفوننى ئېتىۋەتتى دەپ ئويلاپ، تىزگىن ئۇچاقنىڭ تېھراندىن كەلگەنلىكىنى، ئىران بۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئېستونىيە تاشقى سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئەمەلدارى ئۋان كلىسچ فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا مۇنداق دېدى: SİHAs ئالدىنقى سەپپىدە ئەمەس ، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىدى.

ئامېرىكا ئالدىنقى ھەپتە ئىران ئەمەلدارلىرىنىڭ روسىيەدە SİHA مەشىقى قىلغانلىقىنى، روسىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭمۇ ئىراندا SİHA نى ئىشلىتىش توغرىسىدا تەربىيەلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.




ئىران يېقىندا «روسىيەگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئەۋەتىدىغانلىقى» توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» يەر يۈزىدىن يەر يۈزىگە قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ئىراندىن روسىيەگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئوتتۇرا دېڭىز ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات فوندى (FMES) نىڭ ئىلمىي دىرېكتورى پىئېر رازوكس فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا بەرگەن باياناتىدا، روسىيەلىكلەرنىڭ قولىدا ئىران ئەۋەتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە كۈچلۈك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بارلىقىنى، تېھراننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەزىيەتنى ئانچە ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى جېنس ستولتېنبېرگ يېقىندا ئېلان قىلغان

باياناتىدا، ئىراننىڭ روسىيەگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئەۋەتىشىنىڭ ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ قارارىغا خىلاپلىق قىلىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قۇددۇس بىخەتەرلىك ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنىدىكى ئالېكساندىر گرىنبېرگ، ئىراننىڭ بۇ قوراللارنى روسىيەگە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى قىزىقىشى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «1. بۇ ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى، 2. روسلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئامبارلىرىدا تۈگەشكە باشلىدى. 3. ئىران باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تەننەرخى ئەرزان. 4. ئىرانلىقلار ئۆزۈندىن بۇيان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نىشانىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ».

## 3- تېهران ۋە مىنسكىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن قانداق پايدا ئالىدۇ؟

موسكۋا ئەمەلىيەتتە مىنسك ۋە تېهراننىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ، ئەمما ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ كرېمىل سارىيى بىلەن ئوخشاش مەنپەئەتكە ۋە ئوخشاش مۇناسىۋەتكە ئىگە ئەمەس.

ئوتتۇرا دېڭىز ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات فوندىنىڭ دىرېكتورى پېئىر رازوكس، ئىراننىڭ غەربتىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىق نامايىشىدا قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، تېهراننىڭ ئوخشىمىغان تاللاشلارغا مەبلەغ سېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.


ئىراننىڭ بۈگۈن روسىيە بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىتتىپاقداش بولمىسىمۇ، تېهراندىكى كۈچنىڭ ئەمەلىيەتچىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان رازوكس مۇنداق دېدى: «تۈركلەر ۋە ئەزەربەيجانلارغا قارشى تۇرۇش ، ئەڭ يېڭى ئەۋلاد قورال ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېتىۋېلىش ، سۈرىيەدە ئىسرائىلىيەگە بېسىم ئىشلىتىش ۋە خىتاينى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېهران كرېمىل سارىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا موهتاج.»

## 4- «بېلورۇسىيەدە ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن تاللىشى يوق».

1994- يىلدىن باشلاپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئالېكساندېر لۇكاشېنكو ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن موسكۋانىڭ «قوللىشىغا مۇتلەق موهتاج».

گېئوپولىتىكىنىڭ تەتقىقاتچىسى گىيوۋاننى چىياچىيونىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بېلورۇسىيەلىكلەرنىڭ 90% ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنى قوللىمايدىكەن.






# ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ 11 قەدىمى

زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ تېز بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆگىنىشكە ۋاقىت تېپىش ئاسان ئەمەس، ئەمما بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئەمەس. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولغان نەرسە(الله رازى بولىدىغان بىلىملەر) ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. ھەم ئۇنىڭدىن رەببىمىز رازى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆگىنىش ئۈچۈن ياشاش ھەققىدىكى ماقالىنى قەدىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى داۋاملىق ئۆگىنىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر قانچە ئۇسۇللىرى:

**1) ھەمىشە كىتابنى يېنىڭىزدا ئېلىپ يۈرۈڭ**

بىر يىل ياكى بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب ئوقۇشىڭىز مۇھىم ئەمەس. قاچان ۋە قەيەردە بولۇڭ، كىتاب ئوقۇشقا تىرىشىڭ ھەمدە يېنىڭىزدا تۇتۇڭ، ئۇنى بوش ۋاقتىڭىزدا ئوقۇيالايسىز. مانا بۇ پارچە پۇرات ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بولۇپ، شۇ ۋاقىتلار جۇغلانغاندا قارىسىڭىز بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇپ تۈگەتكۈدەك ۋاقىت بولىدۇ.

**2) «ئۆگىنىش» نىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈڭ**

ھەممىمىز پىلان جەدۋىلىنى يېزىشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىشلار بىز تىرىششقا تېگىشلىك نىشان. ئۆزىڭىزنىڭ «ئۆگىنىش» تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىشقا تىرىشىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش پىلانىڭىزنى يازسىڭىز بولىدۇ. بەلكىم سىز يېڭى تىل ئۆگىنىشىڭىز ، يېڭى تېخنىكىنى ئىگىلىشىڭىز ياكى بىرەر پارچە ئەسەر ئوقۇشىڭىز مۇمكىن. نېمە قىلماقچى بولسىڭىز، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى خاتىرىلەڭ.

**3) تېخىمۇ كۆپ بىلىملىك دوستلار بىلەن تونۇشۇڭ**

ئوي-پىكىرلىرى بارلار بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ئىدىيەسى بار كىشىلەر چوقۇم ناھايىتى ئەقىللىق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگەنگۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئادىتى سىزگە تەسىر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىزدە بار بولغان بىلىملەرنى سىز بىلەن ئورتاقلىشالىسا ، تېخىمۇ ياخشى. (ياخشى دوست ئەتىر ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ)

**4) كۆپ ئويلاڭ**

ئالبېرت ئېينىشتېين ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەم نۇرغۇن كىتاب ئوقۇسا ، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى سۆزلىرىنى ھەزىم قىلالمىسا، ئۇ ھورۇن ئادەم». بۇ پەقەت ناھايىتى ئاددىي بىر تەتقىقات، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى يېتەرلىك ئەمەس، سىز ئېھتىياجلىق. ئوقۇغانلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ رېئاللىقى دائىرىسىدە ھەزىم قىلىڭ. بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇغانلىرىڭىزدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇھىم بولغانلىرىنى خاتىرلىۋېلىڭ، ئۇنى ئويلاڭ، ھەزىم قىلىڭ.

**5) ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ**

ئىلىم ئۆگىنىپ ئەگەر ئۇنى ئىشلەتمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى يوق. C ++ كىتابىنى ئوقۇش پروگرامما يېزىش بىلەن ئوخشاش ئەمەس، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش بوياق چوتكىسى بىلەن رەسىم سىزىش بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر بىر نەرسە ئۆگەنسىڭىز، ئۇنى ئىمكانىيىتىڭىز يار بېرىپلا قالسا قوللىنىشىڭىز كېرەك.

### 6) باشقىلارغا ئۆگىتىڭ

ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئۆگىتىڭ. ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان بولسىڭىز، ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى كۈچەيتەلەيسىز. بىلوگ قۇرۇڭ، تېلېگىرامدا قانال قۇرۇڭ، باشقىلارغا يېتەكلەڭ ياكى دوستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ. باشقىلارغا ئۆگۈتۈش ئۆگۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرى قاتارىدىن.

### 7) ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى رەتلەڭ

بەزى بىلىملەرنى ھەزىم قىلىش ئاسان ، ئەمما بىز دائىم ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەيمىز. مەن بىلوگىمغا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىنى تەڭشەشكە بەك ئەھمىيەت بەردىم. ياخشى بىلوگ يېڭى ئىدىيەنىڭ ياخشى مەنبەسى. ئەمما ، ھەر بىر نەچچە ئايدا، مەن بىلوگدىن توپلىغان باھالارنىڭ پەقەت كۆرۈش مەسلىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ھەر بىر نەچچە ئايدا، ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى رەتلەڭ، شۇندىلا ئۇ سىزگە پايدىلىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

### 8) ئۆگۈنۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇڭ ياكى قاتنىشىڭ

ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش دېگەنلىك، ئۇ چاڭ-توزان كىتابلارنى ئۆزىڭىز ئوقۇشىڭىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. تېخنىكىلىق ماھارەت ، بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ۋە ئۆگىنىشلىرىڭىزنى قىزىقارلىق ئىجتىمائىي تەجرىبە قىلىدىغان ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىڭ.

### 9) كونا ئىدىيىلەرنى تاشلاپ، مەسلىلەرنى يېڭى نۇقتىدىن چۈشىنىش

سۇ تولۇق ئىستاكانغا سۇ قوشالمايسىز. مەن ھەر قانداق ئارتۇقچە خىيالدىن يىراقلىقىمنى ساقلايمەن. بەك كۆپ چاچما بىلىملەرنى ئۆگىنىش سىزنى يېڭى ئىدىيىلەرنى تېپىشتىن توسۇپ قالىدۇ. مەلۇم بىر دائىرىدىكى يېڭى بىلىملەرنى ئىزدەپ تۇرۇڭ ۋە يېڭى نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىپ ئۆگىنىش ھاياتىڭىزنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىڭ.

### 10) ئوقۇشقا ئىلھام بېرىدىغان خىزمەت تېپىش

كېيىنكى ئۆگۈنۈش ھاياتىڭىزغا ئىلھام بېرىدىغان خىزمەت تېپىڭ. ياخشى بولغان مۇھىت، ئىنسانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىجابىي شارائىت ۋە ھەمراھلار ناھايىتى مۇھىم. ئەگەر سىز سىزنى ئۆگىنىشتىن توسۇپ قويىدىغان بىر مۇھىتتا بولسىڭىز بۇ سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش پىلانىڭىز ئۈچۈن پاسسىپ بىر كەيپىياتنى ئېلىپ كېلىدۇ.

### 11) ئەتىگەندە 15 مىنۇت

ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئون بەش مىنۇت ئىشلىتىڭ. سەھەردىكى ئۇيقا ھەممە ئادەم ئۈچۈن تاتلىق، لېكىن مۇشۇ 15 مىنۇت سىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىتىشىڭىزگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن. بۇ گۈزەل ئادەتنى ھەر ئەتتىگەندە داۋاملاشتۇرۇش، ئەنە شۇ ئالتۇن ۋاقىت، چۈنكى ئالدىراش خىزمەت ۋە پائالىيەتلەر سىزنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىڭىزنى ئىگىلىيەلەيدۇ.




# «كۆيۈكنى بىرتەرەپ قىلىش » ھەققىدە:

كۆيۈك دائىم قاتتىق ئاغرىق، تارتۇق ياكى ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.دەسلەپكى ياردەم بېرىشتىن ئاۋۋال بىز چوقۇم كۆيۈكنىڭ تۈرىنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

كۆيۈك تۆۋەندىكىدەك بەشكە ئايرىلىدۇ:

1- ھارارەتتىن بولغان كۆيۈك: بۇ خىل كۆيۈك ئوت، قىززىق جىسىملار، قىززىق سۇيۇقلۇقلار ۋە گازلاردىن ياكى ئوت قويغۇچى بومبىلاردىن بولىدۇ.

2- ئېلېكتىردىن بولغان كۆيۈك: ئېلېكتىر سىمى ياكى چاقماقلاردىن بولىدۇ. كۆپىرەك شەھەر ئۇرۇشلىرىدا ۋە ئەسكىرى گازارمىلارنىڭ ئېلېكتىر سىم قاشالىرىدا كۆرىلىدۇ.

3- خىمىيىلىك كۆيۈك: ھۆل ياكى قۇرغاق خىمىيىلىك ماددىلار ياكى ئاق فوسفور بىلەن ئۇچۇرۇشتىن بولىدۇ.

4- لازېرلىق كۆيۈك: كۆپۈنچە كۆز يارىسىنى كۆرستىدۇ.

5- رادىئاتسىيىدىن كۆيۈش: كۆپۈنچە ئاپتاپتا كۆيۈپ قىلىشنى كۆرستىدۇ.

قوللىنىدىغان تەدبىر:

(1) كۆيۈك پەيدا قىلغۇاتقان مەنبەدىن قاچۇرۇش. يارادارنى تېزلىك بىلەن خەتەردىن ئېلىپ چىقىش ۋە ئۈستىگە ھەر قانداق چوڭ سۈنئىي بولمىغان ماتىرىياللارنى ئوتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ ئوتنى ئۆچۈرۈش كېرەك.

(سۈنئىي ماتىرىياللار، مەسىلەن نىلونىدەك كۆيۈپ تېخىمۇ ئىلگىرلەپ جاراھەتلەندۈرىدۇ)، ئەگەر ئۆچمىسە يارادارنى يەردە دومۇلتىش كېرەك.

(2) كۆيگەن بىمارنى شۇ يەردىكى ئېلېكتىر ئېقىمىنى تاقاش ئارقىلىق ئېلېكتىر مەنبەسىدىن ئايرىۋېتىش كېرەك. ئەگەر تاقالمىسا ۋاقىت ئىسراپ

قلماي،توك ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىياللار (قۇرۇق تاياق، كىيىم، ئارغامچا دېگەندەك) بىلەن ياردارنىڭ دۈمبە ۋە دولىسىدىن چۆرۈپ، ئېلېكتر مەنبەسىدىن ئايرىش كېرەك.

■ دىققەت: ھەرگىزمۇ بەدەننى بەدەنگە تەگكۈزۈپ قۇتقۇزماڭ ياكى ھەرقانداق سىمنى تۇتماڭ! بولمىسا سىزمۇ توك سوققان ياردارغا ئايلىنىسىز!

■ دىققەت!يۇقىرى بېسىملىق توك سوققاندا ۋاقىتلىق بېھوشلۇق،نەپەسلىنىش ياكى يۈرەك سوقۇش قىيلىنىشى ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن،

(3) خىمىيىلىك ماددىلارنى ياردارىدىن ئايرىۋېتىش. سۇيۇقلۇق ماددىلار بولۇپ قالسا ئىمكانقەدەر كۆپ سۇ بىلەن ئېقىتىۋېتىپ. قۇرغاق ماددىلار بولسا يۇمشاق چوتكا بىلەن چىقىرىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن (ھەرگىزمۇ قولىمىز بىلەن بىۋاستە سۈرتمەسلىكىمىز لازىم، بولمىسا بىزمۇ خىمىيىلىق كۆيۈپ ياردار بولىمىز)، ناھايىتى كۆپ مىقداردا سۇ بىلەن ئېقىتىۋېتىمىز. ئەگەر سۇ ئاز بولۇپ قالسا، رېئاكسىيە يۈز بېرىپ كۆيۈشى مۇمكىن. ئاق فوسفور تېرىدە كۆيسە،ھۆل لاتا ياكى لاي بىلەن ئۆچۈرۈش كېرەك ۋە ئۇنى ھاۋاسىز ھۆل لاتا بىلەن ساقلاش كېرەك. ئەگەر كۆزگە كىرىپ كەتسە،بۇلغانغان كۆزنى ساددا سۇ بىلەن يۇيۇش ۋە بۇ جەرياندا چايقىغان سۇ ساق كۆزگە كىرىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ياردارنى كۆيۈك مەنبەسىدىن ئايرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز:

كۆيۈكنى ئاشكارلاش: كۆيۈك ئەتراپىدىكى كىيىمنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ كېسىمىز. كۆيۈككە چاپلىشىپ قالغىنىنى بولسا قالدۇرۇپ قويىمىز. ئەگەر ياردارنىڭ قولى ياكى بېغىشى كۆيگەن بولسا، مارجان،ئۈزۈك،سائەت قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋېتىمىز ۋە يانچۇقىغا سېلىپ قويىمىز.بۇ تېخىمۇ ئىلگىرلەپ جاراھەتلەندۈرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر .ھۆرەك پەيدا بولغان يەرنى تازىلاشتا ئالدىرىماسلىقىمىز ۋە تېشىۋەتمەسلىكىمىز ھەمدە باشقا سۇيۇقلۇق، ماي ياكى مەلھەم (چىش پاستىسى) دېگەندەك نەرسىلەرنى سۈركىمەسلىكىمىز لازىم. چاپلاشقاق پىلاستىر ياكى تېڭىق داكىلارنى ئىشلەتمەسلىكىمىز لازىم. ھارارەتتىن بولغان كۆيۈك بولسا دەرھال سوغۇق سۇنى 10 مىنۇت ئۇستىدىن ئېقىتىشىمىز لازىم، ئەگەر سۇ تېپىلمىسا، زىيانسىز سوغۇق سۇيۇقلۇقنى (مەسىلەن سۈت دېگەندەك) ئېقىتىشىمىز لازىم، بۇ ھارارىتىنى چۈشۈرمەي ھېچنىمە قىلمىغاندىن نەچچە ھەسسە ياخشى.

كۆيۈككە ھەسەل سۈركەڭ، ھەسەل نەملىك تولۇقلايدۇ ۋە تېڭىق ئالماشتۇرغاندا چاپلاشتۇرمايدۇ، ساپ ھەسەل بولسا ئەڭ ياخشى. تاڭغان چاغدا ئىشلىتىلمىگەن يېڭى پلاستىك خالتىنى ئىشلەتسەڭ ياخشى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە رەخت ياكى تېڭىقنى قاينىغان تاننىن كىسلاتاسى ئېرىتمىسىگە (چاي، ياكى كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى قايناتقاندىن كېيىن ئېرىشكەن سۇيۇقلۇق)سېلىپ، ئون مىنۇت قويغاندىن كېيىن، رەخت ياكى تېڭىق سوۋۇغاندىن كېيىن يارا ئۈستىگە قويساق ھەم بولىدۇ.


How to Treat a Minor Burn
The Art of MANLINESS
Never pop burn blisters because it increases the likelihood of infection. If blisters do break, treat them with a topical antibiotic.
1. Run cool, not cold, water over the affected area, or cover with a cool, damp towel for 10–15 min.
2. Clean the burn site gently with soap and water to help prevent any infection that might creep in through broken blisters.
Avoid the urge to scratch the burn as it heals. Scratching can open the skin and lead to infection.
3. Apply a soothing moisturizer gel, such as aloe vera, to the burn site. Do not use lotions or creams which may irritate the site.
4. Take an over-the-counter pain reliever to help manage pain and reduce swelling.
© Art of Manliness and Ted Slampyak. All Rights Reserved.



# خىتاينىڭ روسىيە ـ ئىران بىلەن بولغان ھەربىي پىلانىنىڭ پەردە ئارقىسىدا

30 يىللىق رەقىبسىز ھاكىمىيەت ئامېرىكىنى يەرشارىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئىتتىپاق تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى، ئەمما دەۋر ئۆزگەردى. كۈچ مەركىزى ئاتلانتىك ئوكياندىن تىنچ ئوكيان يۆتكەلمەكتە. ئاسىيا تىنچ ئوكيانغا بۆرۈلۈش پۈتكۈل دۇنيانىڭ يېڭى كۈن تەرتىپى. بۇ رايوننىڭ ھىمايىچىسى كىم؟ كۈچ كۈرىشىدە كىملەر غەلىبە قىلىدۇ؟ قانداق ئىتتىپاقلار شەكىللىنىدۇ؟ بىز بۇ ماقالىمىزدە 10 سۇئال بىلەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## 1 ـ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياندىكى يېڭى «كۈچ» قايسى؟

دەۋر ئۆزگىرىۋاتىدۇ ، ئاسىيا تىنچ ئوكياندىكى رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، خىتاي ھازىر ئۆز ئالدىغا بىخەتەرلىك كارىدورى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بىر ھەربىي ئىتتىپاق. يەنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ۋارشاۋا شەرتنامىسىغا ئوخشاش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي، روسىيە، ئىران ۋە پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە، قەرەللىك ھالدا بىرلەشمە مانېۋىر ۋە ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. بىلگىنىمىزدەك ھازىرغىچە ئۆز ـ ئارا مۇداپىئە شەرتنامىسى ئىمزالانمىدى، ئەمما خىتاي ئىتتىپاق تۈزۈشكە پۇختا ئاساس سالماقتا.

## 2 ـ يېڭى ئىتتىپاقنى كىم قۇرىدۇ؟

خىتاينىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئوخشاش ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇشى ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىنىڭ بۆرۈلۈش نۇقتىسى بولۇپ ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ ، ئەمما ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇش ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ خىتايغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ.

خىتاي ياشاش قىيىن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. سىياسىتىنى ئويلىشىپ ئېلىپ بارىدۇ. خىتاينى مەركەز قىلغان بىر بىخەتەرلىك ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزالىرى زەنجىرسىمان ھەرىكەت قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىدارلىق، چىدامچان بولۇشى. ئەسلا ئاجىز ھالقا بولماسلىقى كېرەك، ئىتتىپاق بىردىن كۆپ خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلاردا ياكى قوراللىق توقۇنۇشلاردا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئورتاق قوللاشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## 3 ـ خىتاي باشچىلىقىدا بىر ھەربىي ئىتتىپاق

ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت ئورتاق دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ئىتتىپاق شەكىللىنىدۇ ، ئۇلار ئادەتتە مۇستەقىل دۈشمىنىگە قارشى ھالدا تەھدىتىنى ئاشۇرالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار دۈشمىنىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن زاپاس كۈچلىرىنى توپلايدۇ. ئۆتكەن 20 يىلدا، خىتاي ئۆزىنىڭ يېڭى ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ كۈچىدىن

پايدىلىنىپ تالاش ـ تارتىشتىكى چېگرادىن ئۆتۈپ ھىندىستان بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلىشقا باشلىدى، تەيۋەنگە دېڭىز ۋە ھاۋادىن بېسىم ئىشلىتىپ ، جەنۇبىي دېڭىزدا ئىگىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلدى، ئەمما خىتاي ئۇزۇن مەزگىللىك توقۇنۇشلاردا قاپسىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا، ئافرىقا ۋە ھەتتا ياۋروپادىمۇ ئىقتىسادىي شېرىكلىرى بار بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنى قەرز تۇزىقىغا چۈشۈرۈپ ئىقتىساد ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش نىشانىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. خىتاي بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىپادىسى قانداق بولسا بولسۇن قەرز مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ۋە سودا كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

### 4 ـ ئىقتىسادى بېسىم بىلەن ھەربىي ئىتتىپاققا مەجبۇرلاش

بېيجىڭ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدا تەسىر كۈچكە ئېرىشتى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەستىن بېسىم قىلىشتىن يانمىدى. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ چىقدىغان بولساق خىتاينىڭ ئىقتىساد ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش پرىنسىپى غەلبە قىلغاندەك كۆرىنىدۇ. ئەمما جۇغراپىيىلىك سىياسەت ھەممىنى ھەل قىلالمايدۇ، غەرىپتىن كېلىدىغان بېسىملارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا ھەربىي كۈچ لازىم. شۇ سەۋەبتىن خىتاي بىر ھەربىي ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشنى خالايدۇ. ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى 1950 ـ يىللاردا بىر ـ بىرىگە رەقىب ھەربىي گۇرۇھ قۇرغانغا ئوخشاش ، بىر ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇش خىتاينىڭ تېز سۈرئەتتە چوڭىيىشىغا ئېھتىياجلىق.

### 5 ـ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىمە ئۈچۈن ھەربىي ئىتتىپاق سەۋىيىسىگە يېتەلمەيدۇ؟

دۇنيادىكى ئىلغار ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقاچان ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقداش، شۇڭلاشقا ھاياتى كۈچكە ئىگە كاندىداتلارنىڭ تىزىملىكى ئاز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ مۇددىئاسىغا، ھەتتا «بىر يول، بىر بەلۋاغ» پىلانىغا قاتناشقان ئىقتىسادىي شېرىكلەرمۇ خىتايغا چوڭقۇر گۇمان بىلەن قارايدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي بىلەن ئىتتىپاقداشلىشىشنى خالىمايدۇ.

تېخنىكا جەھەتتە خىتاي، روسىيە، ھىندىستان، پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن تەركىپ تاپقان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بار، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 1996 ـ يىلى قۇرۇلدى ۋە ھازىر دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 40% نى، يەر شارى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30% تىن كۆپرەكى ئىگەللەيدۇ. قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىران، ئافغانىستان، موڭغۇلىيە، ۋە بېلورۇسىيە كۆزەتكۈچى دۆلەت سۈپىتىدە تىزىمغا ئالدۇرۇشى نەتىجىسىدە ئەزا سانى كۆپەيمەكتە. كامبۇدژا، نېپال، سىرلانكا، ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان ۋە تۈركىيە دىئالوگ شېرىكلىرىدۇر. ئەمما شاڭخەي ھەمكارلىق شەرتنامىسىدا ھەربىي ئىتتىپاق ھەققىدە ھېچقانداق سۆز يوق، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى چېگرا ھالقىغان ئادەم، سودا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە قورال ئەتكەسچىلىكى ھەمدە ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تۇرۇش ۋە تور بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش خالاس.

### 6 ـ ئىتتىپاققا قايسى دۆلەتلەر ئەزا؟

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلات ئەزالىرى ھازىرغىچە بۇ مەسئۇلىيەتتىن ھالقىپ ھەرىكەت قوللاندى. شۇڭا بىز خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ئىتتىپاقى ھەققىدە توختالغاندا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ھەققىدە سۆز ئاچالمايمىز. خىتاي بىخەتەرلىك ئىتتىپاقىنى باشقا يەردىن تەمىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇنى قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىككى تەرەپلىك مۇداپىئە ئىتتىپاقى قۇرۇش. كامبودژا، لائوس، ۋانۇئاتۇ ۋە سولومونلار خىتاي بىلەن ئىتتىپاققا قول بەرگەن بىر قىسىم دۆلەتلەر.

بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر تىزىملىكىنىڭ بېشىدا روسىيە، ئىران ۋە پاكىستان تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە قورال، پەۋقۇلئاددە بايلىق ۋە قانداقتۇر ئۆزگىچە مۇناسىۋەتلىرى بار.

## 7- روسىيەنىڭ ختاي بىلەن بولغان ھەربىي ئىتتىپاقى

ھازىر، روسىيەدىن باشلاپ، ختاي بىلەن يوشۇرۇن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزەلەيدىغان دۆلەتلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپ باقايلى. 2019- يىلى، موسكۋا بىلەن بېيجىڭ شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇردى. بۇ ئىككى دۆلەت 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ناھايىتى ماس بىر ھالغا كەلدى. پۇتىن بىلەن شى سىياسىي ھاياتىدا 30 قېتىمغا يېقىن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. يەر شارى دەۋرى ژورنىلىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تۇرلۇك تەكشۇرۇشكە قارىغاندا، ختاي نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى روسىيەگە قارىتا ئىجابىي كۆز- قاراشتا بولۇپ، روسىيەنى تاشقى سىياسەتتە ئەڭ مۇھىم دۆلەت دەپ قارايدىكەن. ئامېرىكا (چۈشىنىكسىز) بىئو تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان بىر تەكشۇرۇشكە ئاساسلانغاندا، روس خەلقىنىڭ 70% تى ختايغا قارىتا ئىجابىي قاراشتا ئىكەن. ئەمما بۇ بىرلىشىش پەقەت كۆز بوياشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئىككى دۆلەت سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن بىرىنى بىرىنى باغلايدىغان پىكىرگە ئۇرتاقلاشمايدۇ. ختاينىڭ ئىقتىسادى روسىيە ئىقتىسادىنىڭ 10 ھەسسىگە تەڭ، ۋە ختاينىڭ ھەربىي خامچوتى روسىيەنىڭ ھەربىي چىقىمىدىن 227 مىليارد دوللار ئارتۇق. ھەربىي ئىتتىپاق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، روسىيە سىياسەت بەلگىلەشتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئالاھىدە قىلىپ ئېيتقاندا روسىيەنى بىئارام قىلىدىغان بىر ئەھۋال.

روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونىدا ختاي نوپۇسى كۆپ، بۇ رايوندا ئاللىقاچان 300 مىڭدىن 500 مىڭغىچە ختاي ياشايدۇ. بۇ بېيجىڭنىڭ موسكۋادىن زېمىن تەلەپ قىلىدىغان بىر زامانلار كېلىشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ختايغا نىسبەتەن كىچىك شېرىك ھېساپلىنىدىغان روسىيە بۇنى رەت قىلىدىغانغا ھېچقانداق باھانە تاپالمايدۇ. بۇ ئەھۋال روسىيەنى ختايغا باغلاش كۈچىگە ئىگە ئۆز-ئارا مۇداپىئە كېلىشىمىگە روسىيەنىڭ ئىمزا قويۇشنى خالىماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبى.

## 8- ئىراننىڭ ختاي بىلەن بولغان ھەربىي ئىتتىپاقى

ئىران بىلەن بولغان ھېكايە سەل ئوخشىمايدۇ. 2021- يىلى 3- ئايدا، بېيجىڭ بىلەن تېھران سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، قوراللارنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ھەربىي ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نامىدا 25 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تور بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادى مەغلەغ تۇرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. ئىران ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشلاردا ئاساسلىق رول ئويىنىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداشلىرى يوق. تېھران بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئىقتىسادىي ۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى.

ئىران ئاساسى قاتلىمى ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ياردەم جەھەتتە ئۈمىدسىز. ختاي بولسا بۇ چارىسىزلىقنى ئىراننىڭ چەكلىك سودا كۈچىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتى دەپ قارايدۇ. يېڭى كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ختاي ئىراندا مۇقىم ۋە مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئىران بەلكىم ختاي بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق قۇرماقچى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ختاينى بۇنى خالايدۇ دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئىران نۇرغۇن جۇغراپىيىلىك سىياسىي يۈك ئېلىپ كېلىدىغان دۆلەت. ئىران بىلەن بولغان ئىتتىپاق ختاينى ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پۈتۈن ئوتتورا شەرقتىن ۋاز كېچىش دېگەن گەپ. بۇ ختاينى ھەتتا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان ئۇزۇن توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. بۇ ختاي كۆزلىگەن ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ماس كەلمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ دېڭىز فلوتلىرى ئەرەب قولتىقىدا ئىران بىلەن ھەمپىلىشىپ يۈرسە، ختاينىڭ جەنۇبى دېڭىزدا مانېۋىر قىلىشىغا نۇرغۇن ئىمكانىيەت تۇغۇلدى دېگەن-گەپ. ختاي ئىران بىلەن

بولغان ھەربىي ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان بىلەن بۇنىڭدا رەسمىي بىر ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇش پىلانى كۆرۈلمەيدۇ.

### 9- پاكىستاننىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەربىي ئىتتىپاقى

پاكىستان تەخمىنەن 225 مىليون نوپۇسقا ئىگە يادرو دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە بىر يوشۇرۇن كاندىدات ھەمدە ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئىتتىپاقداشتۇر. خىتاي مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارالايدىغان پاكىستان بىلەن ئىتتىپاق قۇرغان ئەھۋالدا ھىند-تىنچ ئوكيانغا سىڭىپ كىرەلەيدىغان كۈچلۈك بىر ئارمىيە قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ھەمدە پاكىستان خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى دېڭىز بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ياردەم بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئىسلامئاباد تېخنىكا ئالماشتۇرۇشتىن تارتىپ تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىغىچە بولغان بارلىق ئىشلاردا بېيجىڭغا ئىشىنىشكە باشلىدى. 2022- يىل 3- ئايدا پاكىستان 2 دانە خىتايدا ياسالغان j-10c كۈرەشچى ئايروپىلاننى ھاۋا ئارمىيىسىگە سەپلىدى. خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىشكە باشلىغاندا بولسا پاكىستان ئوتتۇردا قالدى. پاكىستان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئۆيىنىدى. ئەمما ھازىر پاكىستاننىڭ ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىدە قالدۇرۇپ قۇيغىدەك بىر يېرى يوق، ئەمما ئامېرىكانىڭ رايوندىكى ۋەزىيىتىگە قارىتا مۇھىملىقى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىستان خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزماستىن ئېلىپ بېرىشنى بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن پاكىستان سىياسەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر بۆلۈنۈش مەۋجۇت. ئاساسلىق دۈشمىنى بولغان ھىندىستانغا قارشى بىر چوڭ كۈچ بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشقا مەجبۇر. ئەمما ئىسلامئاباد ھۆكۈمىتى ئۆزى سىقىلىپ ئالغا ئىلگىرلىيەلمىگەندەك ھېس قىلىدۇ. يېقىنقى 10 يىلدا پاكىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا قورال ياراغ كېلىشىمى تۈزۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھەربىي ئىتتىپاقتىن سۆز ئېچىش تەس. شۇنداقتىمۇ پاكىستان پۈتۈن ئەزالار تىزىملىكى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدىن يەر ئالماقتا.

گەرچە خىتاينىڭ كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان ھەربىي ئىقتىدارى كىشىنى چۆچۈتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رەسمىي ئىتتىپاققا موھتاج، ئەمما بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك نىشانلارنى تاللاش يېتەرلىك ئەمەس، ئىستراتېگىيىنى چوقۇم ئېھتىياج قوللىشى كېرەك.

### خۇلاسە

تارىخ قەتئىي ئىرادىلىك ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ ئورتاق پەلسەپەگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ناتو ۋە ۋارشاۋا ئىتتىپاقى سىجىللىقتا تۆھپە قوشقان روشەن ئالامەتلەرگە ئىگە ئىدى. خىتاي، روسىيە، ئىران ۋە پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتە ناھايىتى ئاز ئورتاقلىقى بار. ئۇلارنىڭ ئورتاقلاشقان بىردىن بىر تەرىپى بولسا «ئامېرىكا دۈشمەنلىكى». ئەمما بۇ داۋاملىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ھەرقانداق ئىتتىپاق دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە، ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. رايون خاراكتېرلىك ھەربىي ئىتتىپاق خىتاينى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان دۇنياۋى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما دۇنيانى قاپلىغان ئىتتىپاق قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق پەلسەپەگە موھتاج.

taklimakan.biz